شى جىنپىڭ نېپال زۇڭتۇڭى باندارى بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. بولتۇر، مەن ۋە زۇڭتۇڭ باندارى ئۆزئارا زىيارەتتە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد دوستانە ئۆتىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە كۆتۈردۇق. ئىككى دۆلەت جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، مۈرنى مۈرىگە تىرەپ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، جۇڭگو ـ نېپال دوستلۇقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يازدى. مەن جۇڭگو ـ نېپال مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ باندارى بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ زور بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلىش، رايون مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال كۈچ قوشۇشنى خالايمەن.

باندارى تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نېپال ـ جۇڭگو دوستلۇقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئاساسى پۇختا. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيان، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى كۆرۈنەرلىك كېڭەيدى ۋە چوڭقۇرلاشتى. نېپال تەرەپ جۇڭگو تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئىدىيەسىنى ئالقىشلايدۇ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىغا پائال قاتنىشىدۇ. نېپال تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنى توسقانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ نېپالنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن بەرگەن قىممەتلىك مەدەتكە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ. نېپال تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ھاسىل قىلغان كەڭ ئورتاق تونۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشنى خالايدۇ.

شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ نېپال زۇڭلىسى ئوللى بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. لى كېچياڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى دېدى: بۇ يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ـ نېپال ئىككى تەرەپ قول تۇتۇشۇپ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆزئارا ئىشەنچىسى ۋە دوستلۇقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. جۇڭگو تەرەپ نېپال تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەر تەرەپلىمە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. ئوللى تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيان، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى سىجىل مۇقىم ساغلام ھالدا ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. نېپال تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ نېپال تەرەپنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشىنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلايمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بولۇپمۇ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا تېخىمۇ پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جۇ گاڭ مۇنۇلارنى دېدى: كېيىنكى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئاشلىق ۋە گۆش، تۇخۇم، سۈت، كۆكتات بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلۈپ، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش، پۈتۈن ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى ئۇل تىرەك مۇستەھكەملىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى ۋە تولۇق قىممەت زەنجىرى كۈچەپ بەرپا قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئاشۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە قىممەتنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شاۋ شياڭلى مۇنداق بىلدۈردى: كېيىنكى يېرىم يىلدا ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەركەزنىڭ تۈرلۈك پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاش سىياسەتلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن ماسلىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق قوللاش تەدبىرلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، مەھسۇلات كۆزلەمە نىشانىغا يېتىشى، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشىغا مەدەت بېرىمىز؛ ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئازسوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلىغا ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز؛ پۇل مۇئامىلە ساھەسىنىڭ تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، شىنجاڭ ھۆكۈمەت ـ بانكا ـ كارخانا ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى نۇقتىلىق كەسىپ، نۇقتىلىق ساھە، نۇقتىلىق تۈرلەرگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشقا يېتەكلەيمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى مۇھىت تەسىرىنى باھالاش ۋە بۇلغىما قويۇپ بېرىشنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى چېن يۈشىن مۇنۇلارنى دېدى: كېيىنكى يېرىم يىلدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش شارائىتىدا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە مەدەت بېرىلىدۇ. سۇ، ئاتموسفېرا، تۇپراقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى داۋاملىق پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى قىلىنىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈزەش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئاسراش يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ. نۇقتىلىق رايون ۋە ئېقىن رايونى، نۇقتىلىق ساھە ۋە كەسىپ تەرەققىياتى يىرىك پىلانىنىڭ مۇھىت تەسىرىنى باھالاش تېز ئالغا سىلجىتىلىپ، يىرىك پىلانىنىڭ مۇھىت تەسىرىنى باھالاش ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرما ئەلالاشتۇرۇلۇپ، كۆلەم كونترول قىلىنىپ، قۇرۇلما تەڭشىلىپ، تۈرلەرگە مۇھىت ئىجازىتى ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىنىدۇ.

كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى مۇستەھكەملەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىمىز

«يېغىندا ‹يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك› دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ بىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتقا بولغان ئىشەنچىمىزنى يەنىمۇ چىڭىتتى.» دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى، پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شيې يۈڭشېڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇ يىل شىركىتىمىزنىڭ پۈتۈن يىللىق مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى 15 مىليارد 900 مىليون يۈەن بولۇپ، بولتۇرقىدىن %11.12 كۆپىيىدۇ، نەرسە تورى سۈپىسى، يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىلغا توك قاچىلاش تۈۋرۈكى قاتارلىق 363 يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئېلېكتىر تورى سېلىنمىسىنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ سىجىل ساغلام، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەيمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن سىرتقى كۈچنى توپلاپ، ئىچكى گۆمپىنى مەشىق قىلىپ، يوشۇرۇن كۈچ ئەۋزەللىكنى تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر داۋاملىق زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈلۈپ، راۋاجلاندۇرۇلۇپ، زامانىۋى جابدۇق ياسىمىچىلىقى، يېڭى ماتېرىيال، بىيو تېببىي دورا، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر قاتارلىق كەسىپلەر نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، كەسىپلەرنىڭ ئېشىشىدىكى يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى يېتىلدۈرۈلىدۇ. سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، 5G، نەرسە تورى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، رايون ـ بۆلەك زەنجىرى قاتارلىق يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تېخنىكىسى بىلەن ياسىمىچىلىقنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا داۋاملىق تۈرتكە بولۇنۇپ، سانائەت ئالاقە تورىنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشى تېزلىتىلىدۇ، ياسىمىچىلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش تېزلىتىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى كارخانا ئىسلاھاتى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ۋېي جۈڭجېڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش پۇختا تۇتۇلۇپ، كۆپ خىل تەدبىر تەڭ قوللىنىلىپ سۈپەت ئۆستۈرۈلۈپ، ئۈنۈم ئاشۇرۇلۇپ، ئېشىش مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئۈچ يىللىق ھەرىكەت لايىھەسىنى يولغا قويۇش مۇھىم تۇتقا قىلىنىپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشكە كۈچ سەرپ قىلىنىپ، ئىسلاھاتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇنۇپ، مۇقىملىق ۋە ئىسلاھات پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھالدا جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تېخىمۇ زور تۆھپىسى قوشۇلىدۇ.

ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىمىز

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك بولۇپ، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇش نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى مەردان مۇقىيت مۇنۇلارنى دېدى: كېيىنكى يېرىم يىلدا بىخەتەرلىك تۆۋەن چېكىنى چىڭ ساقلاپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ قىسمەن جايلاردىكى كەلكۈن ئاپىتىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە خەۋپ ـ خەتەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى سىجىل ياخشى ئىشلىشى ماسلاشتۇرۇلۇپ، نامرات رايونلارنىڭ ئاپەت خەۋپ ـ خەتىرىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنىۋېرسال تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىدۇ. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىنىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش شارائىتىدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

شىنجاڭ باج ئىدارىسى يوك ۋە ئەمگەك ـ مۇلازىمەت بېجى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى شى شياۋدوڭ مۇنداق دېدى: بىز قانۇن ـ بەلگىلىمە بويىچە باجنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» خىزمەت چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىپ، «ئۇچراشماسلىق شەكلى»دىكى مۇلازىمەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىشنى كەم ـ كوتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ بەھرىلىنىشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق بەھرىلەندۈرۈش، بەھرىلىنىشكە تېگىشلىكلىرىنى تېز بەھرىلەندۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىپ، سېلىنما، ئىستېمال، تاشقى سودىنىڭ ماس تەرەققىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، باج يىغىش تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرىمىز.

شىنجاڭ قومۇل سەنتاڭخۇ ئېنېرگىيە ئېچىش قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى دىڭ ۋەنچۈەن مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەت، يۇقىرى سەۋىيە، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن تۈر قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يېشىل، چوڭ تىپتىكى ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېنېرگىيە كۈچى قوشىمىز.

(مۇخبىر ۋاڭ يۈجاۋ، قاتناشقان مۇخبىرلار ليۇ يى، ۋاڭ يۈڭفېي، لى شىڭ، چېن چياڭۋېي، ما يىنىڭ، شى شىن، ياڭ شۇخەن، مېھرىگۈل ناسىر)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇكسىگېنلىق دومنا پېچىنىڭ كوكۇس نىسبىتى ئەنئەنىۋى دومنا پېچقا قارىغاندا بىر ھەسسىدىن كۆپرەك تۆۋەنلەپ، بايلىق ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمدارلىقىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى.

كىشىلەرنىڭ بۇرۇندىن بار ئېڭىدا، پولات ـ تۆمۈر كەسپى ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى، بۇلغىما چىقىرىشى يۇقىرى، بۇلغىشى يۇقىرى بولۇشتىن دېرەك بېرەتتى. ھالبۇكى، كىم «ئەنئەنىۋى» بولسىلا «قالاق» بولىدۇ دەيدۇ؟

1 ـ ئاۋغۇست پولات ـ تۆمۈر شىركىتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پولات ـ تۆمۈر كەسپىدە باشلامچىلىق بىلەن كېرەكسىز سۇ قويۇپ بەرمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شەھەرلەردە سۇنى قايتا ئىشلىتىش تۈرىنى قۇرۇپ، ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇدىن 1 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر تېجەپ قالدى؛ يېشىل مېتاللورگىيە تېخنىكىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق، كېرەكسىز، كونا بالون، كېرەكسىز ماي قاتارلىق شەھەر كېرەكسىز، تاشلاندۇق بۇيۇملىرىنى تۈركۈملەپ بىرتەرەپ قىلىپ، شەھەرگە نەپ قايتۇردى؛ يېقىندا يەنە پۈتۈن يەر شارى بويىچە تۇنجى تۆۋەن كاربونلۇق مېتاللورگىيەدە يېڭىلىق يارىتىش سانائەت سىناق سۈپىسى قۇردى...

«نېمىگە تاياندۇق؟ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يېشىل تەرەققىياتتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق.» 1 ـ ئاۋغۇست پولات ـ تۆمۈر شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى شياۋ گودۇڭ ناھايىتى پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق تونۇشتۇردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، 1 ـ ئاۋغۇست پولات ـ تۆمۈر شىركىتى جەمئىي 5 مىليارد يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ، سانائەت كېرەكسىز سۈيىنى چوڭقۇر بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى، كۆيدۈرۈش ماشىنىسى ئارقىلىق گۈڭگۈرتسىزلەشتۈرۈش ـ نىتراتسىزلاشتۇرۇش، كوكس پېچ ئارقىلىق گۈڭگۈرتسىزلەشتۈرۈش ـ نىتراتسىزلاشتۇرۇش ھەمدە چوڭ تېپتىكى 11 يۇملاق شەكىللىك ماتېرىيال ئامبىرى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم مۇھىت ئاسراش ـ تۈزەش ئەسلىھەلىرى ۋە بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، «كېرەكسىز گازنى دەرىجىدىن تاشقىرى تۆۋەن قويۇپ بېرىش، كېرەكسىز سۇ قويۇپ بەرمەسلىك، قاتتىق تاشلاندۇقنى زاۋۇتتىن چىقارماسلىق»نى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى.

پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىدە «يېشىل تۈس» قويۇقلاشتى

1 ـ ئاۋغۇست پولات ـ تۆمۈر شىركىتىنى ئەنئەنىۋى ياسىمىچىلىقنىڭ يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى دېيىشكە بولىدۇ. يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەردە، ئوخشاشلا بىر قەدەم ئالدىدا ماڭغان داڭلىقلار بار.

ئۈرۈمچى گەنچۈەنباۋ ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (سانائەت رايونى) غا جايلاشقان شىنتې ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى كۆپ كرىستاللىق كرېمنىي ئىشلەپچىقىرىشنى يادرو قىلغان، ئىلغار ساپال، سىركونىي ئاساسىي يېڭى ماتېرىيالى، پاراشوكسىمان يېڭى ماتېرىيال، ئورگانىك سىلىتسىي ھەمدە ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت ئاسراشتىن ئىبارەت ئالتە چوڭ بۆلەك ماسلاشتۇرۇلغان يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئېنېرگىيە كەسىپ گۇرۇھى، شۇنداقلا كەسىپلەر بويىچە تۇنجى يېشىل لايىھە، يېشىل مەھسۇلات، يېشىل زاۋۇت، يېشىل تەمىنلەش زەنجىرى ئېتراپنامىسىگە ئېرىشكەن ئۈلگىلىك كارخانا.

«يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېشىل تەرەققىيات بولۇشى كېرەك. يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە، بىز ئۆزىمىز قول سېلىپ ئىشلەپ، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ نەتىجە يارىتىشىمىز كېرەك» دېدى شىنتې ئېنېرگىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى لى شىلياڭ.

ئۇ ئېنېرگىيە تېجەش، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش توغرىسىدا مىسال كەلتۈردى، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، شىركەتنىڭ ھەر كىلوگرام كۆپ كرىستاللىق كرېمنىينىڭ ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە سەرپىياتى دۆلەت ئۆلچىمى 120 كىلوۋات سائەت بولۇپ، يېقىنقى بەش يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، ھازىر ھەر كىلوگرام كۆپ كرىستاللىق كرېمنىينىڭ ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە سەرپىياتى 65 كىلوۋات سائەتتىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن. دەسلەپكى قەدەمدە مۆلچەرلەپ ھېسابلىغاندا، 10 مىڭ تونىنا كۆپ كرىستاللىق كرېمنىيدا يىلىغا 67 مىڭ تونىنا ئۆلچەملىك كۆمۈرنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

بايلىق چەكلىك، يېڭىلىق يارىتىش چەكسىز، يېشىل يولدا مېڭىش. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئېلېكتر ئىستانسىسىدا كۆيدۈرۈپ تاشلىۋېتىلگەن ئۆۋاق كۆمۈر كۈلىنىڭ ھېچقانداق كېرىكى يوق، دەپ قارايتتى، لېكىن، شىنتې ئېنېرگىيەسىدە، بۇلار كۆركەم ئۆزگەرتىلىپ، پارچە ـ پارچە «كېسەك ئالتۇن»غا ئايلاندى.

«بىزنىڭ مۇستەقىل شىركىتىمىز ئۆۋاق كۆمۈر كۈلىنى يېشىل، يېڭى تىپتىكى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىپ ياساپ چىقىپ، ئۇنى قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى خام ماتېرىيالغا ئايلاندۇرۇپ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى گۆھەرگە ئايلاندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ‹يېشىل، يېڭىلىق يارىتىش، ئايلىنىش، قىممىتىنى ئاشۇرۇش› ئىدىيەسىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈردى.» لى شىلياڭ مۇنداق دېدى: بۇ پەقەت شىركەتنىڭ يېشىل تەرەققىياتىدىكى بىر ئاددىي مىسال، كارخانا بەش قارارلىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق، «قۇرۇلمىلار ئارا كېچىك ئايلىنىش، كەسىپلەر ئارا ئوتتۇرا ئايلىنىش، باغچە رايوندا چوڭ ئايلىنىشى»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېشىل تەرەققىياتنى پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىگە باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈردى.

قىيىن ئەھۋالدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، تەرەققىيات يېڭى يولىنى ئاچتى

نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۆمۈردىن ئولېفىن ئىشلەپچىقىرىش كەسپىنىڭ ھەممىسى بەزى ئورتاق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى، مەسىلەن، ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرۇش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش، سۇ سەرپىياتى يۇقىرى بولۇش، مۇھىت ئاسراش سىياسىتى چەكلىمىسى، كارخانىلارنى مۇھىت ئاسراش ئەسلىھەلىرىنىڭ دەرىجىسىنى تېزدىن ئۆستۈرۈشكە قىستاش، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى بىرلا خىل بولۇش قاتارلىقلار. لېكىن مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، شېنخۇا شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى 2018 ـ يىللىق نېفىت ۋە خىمىيە سانائىتى كەسپىدىكى نۇقتىلىق ئېنېرگىيە سەرپ قىلىدىغان مەھسۇلاتلار ئېنېرگىيە ئۈنۈمدە باشلامچى ئۈلگىلىك كارخانىلار (كۆمۈردىن ئولېفىن ئىشلەپچىقىرىش) بويىچە بىرىنچى بولۇپ باھالاندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى سىر زادى نەدە؟

«يېڭىلىق يارىتىشنى يېتەكچى قىلىپ، مەسىلىنى يۆنىلىش قىلىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ يېشىل تەرەققىياتنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان بوغما ھالەتنى ھەل قىلدۇق.» مەزكۇر شىركەت سۈپەت ـ تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ۋۇ گوشياڭ مۇنداق دېدى: شىركىتىمىزنىڭ پۈتۈن يورۇش تېخنولوگىيە لىنىيەسىنى لايىھەلەش ئۆلچىمى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، تۈرلۈك مۇھىت ئاسراش ئەسلىھەلىرىگە بىر يولىلا 3 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدۇق، بۇ قالدۇق گازنى بىر تەرەپ قىلىش، كېرەكسىز سۇنى بىر تەرەپ قىلىش، قاتتىق تاشلاندۇقنى بىر تەرەپ قىلىش، ئۆۋاق كۆمۈرنى تۈزەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىشنى يورۇشتۇرۇش جەھەتتە، تېخنىكلار كۆپ تەرەپتىن كۆمۈر مەنبەسىنى ئىزدەپ، كۆمۈر تەقسىملەش تەجرىبىسىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، گازلاشتۇرۇش پېچىغا ماس كېلىدىغان كۆمۈر تەقسىملەش كۆمۈر تۈرى ۋە كۆمۈر تەقسىملەش نىسبىتىنى ئوڭۇشلۇق تېپىپ چىقتى. تېخنولوگىيە تەرتىپىدە، ئۇلار «ئېنېرگىيە تېجەش 2 + 4» يورۇشتۇرۇش ئەندىزىسىنى يېڭىلىق يارىتىپ قوللىنىپ، گازلاشتۇرۇش پېچىدا بەش پېچنىڭ ئورنىغا تۆت پېچ ئىشلىتىش يورۇشتۇرۇش شەكلىنى قوللىنىپ، بىرىكمە گاز بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەشنى قاندۇردى، كۆمۈر يېقىلغۇ قىلىنىدىغان پار قازاندا ئۈچ پار قازاننىڭ ئورنىغا ئىككى پار قازان يورۇشتۇرۇش شەكلىنى قوللىنىپ، پۈتۈن زاۋۇتنىڭ پار تەڭپۇڭلۇق ئېھتىياجىنى قاندۇردى. بۇ ئۆزگىرىش، گازلاشتۇرۇش پېچىنىڭ ئوتتۇرىچە يورۇشۇش دەۋرىنى 30 كۈنگە يەتمەيدىغان ئەھۋالدىن 70 كۈندىن كۆپرەككە ئۆستۈردى.

ئۈچ كېرەكسىزنى تۈزەش جەھەتتە، شېنخۇا شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ مۇھىت ئاسراش ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساشنى يولغا قويىدى.

بوشاشماي كۈرەش قىلغاندىلا، جەزمەن ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. شىركەتنىڭ ئېنېرگىيە ئايلاندۇرۇش ئۈنۈمى 2017 ـ يىلدىكى %35تىن ھازىرقى %41تىن كۆپرەككە ئۆستى، ھەر تونىنا دېئېننىڭ ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە سەرپىياتى 2017 ـ يىلدىكى 3178 كىلوگرام ئۆلچەملىك كۆمۈردىن نۆۋەتتىكى 2657 كىلوگرام ئۆلچەملىك كۆمۈرگە تۆۋەنلىدى، ھەر تونىنا دېئېننىڭ سۇ سەرپىياتى 2017 ـ يىلدىكى 23 تونىنىدىن نۆۋەتتىكى 15 تونىنىدىن تۆۋەنگە چۈشتى.

«يېشىل رەڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ ئەڭ گۈزەل ئاساسىي رېڭى، كۆمۈردىن ئولېفىن ئىشلەپچىقىرىش كەسپىدىكى پاكىز يول ئۈستىدە ئىزدىنىش دۆلەتكە، خەلققە پايدىلىق ياخشى ئىش، شۇنداقلا كارخانىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى» دېدى ۋۇ گوشياڭ.